
نۇھ
ئەلەيھىسسالامنىڭ
كېمىسى
بالىلار ئۈچۈن
پەيغەمبەرلەر
قىسسىسى
مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا تەخمىنەن 10 ئەسىر ئۆتتى. شۇ زامانلاردا ئىنسانلار پەقەت يەككە – يېگانە ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلاتتى، يەر يۈزىدە مۇشرىك يوق ئىدى. شىرىك نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادلىرىدىن ۋەد، سۇۋائ، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسر قاتارلىق سالىھ كىشلەر بار ئىدى. ئۇلار ئىنسانلارنى پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىراتتى.



كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ۋاپات بولدى. ئىنسانلار ئۇلارنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇردى. بەزىلەر ئۇلارنى خاتىرلەش ۋە ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەش تەكلىپىنى بەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنى ياسىغان ئۇستىلارمۇ ۋاپات بولدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاشۇ ھەيكەللەر ھەققىدە ئەپسانىلەرنى توقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئۇ ھەيكەللەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى. بۇتقا ئىبادەت قىلىپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئاشۇ زاماندا ئوتتۇرىغا چىقتى.



## قۇتقۇزۇش بالونى

خەلق ئارىسىدا پىتنە – پاسات كەڭ تارقىدى. بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش ئومۇملاشتى… ئاللاھ ئىنسانلارغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى پەقەت يەككە – يېگانە ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە چاقىرغان تۇنجى پەيغەمبەر ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى كېچە – كۈندۈز، ئاشكارا – يوشۇرۇن دەۋەت قىلدى. بەزىدە ئۇلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرسا، بەزىدە ئۇلارنى جەننەت نېمەتلىرىگە قىزىقتۇردى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ شۇنچە تىرىشچانلىقى نەتىجىسىز بولدى. ئىنسانلار نۇھ بىلەن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارغا دۈشمەنلىك قىلدى ۋە ئۇلارغا چالما – كېسەك قىلىش بىلەن تەھدىت سالدى.



## گۈزەل سەۋر

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىدىن ئەڭ ئېغىر ئەزىيەتكە ئۇچرىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام شۇنچە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، قەۋمىگە بەددۇئا قىلمىدى. بەلكى، ئۇ: «ئى ئاللاھ، قەۋمىمنى مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ» دەپ دۇئا قىلدى. ئەمما قەۋمى ئۇنىڭ دەئۋىتىگە قىلچىمۇ پىسەنت قىلماي، ئۇنىڭغا تېخىمۇ قارشى چىقتى. ئۇنىڭ دەئۋىتىنى ئاڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىپ، باشلىرىنى كىيىملىرى بىلەن يۆگۈۋالدى.

### بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دەئۋەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسى

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەئۋىتى كەمبەغەل، ئاجىز بىچارىلەرنىڭ جاراھەتلەنگەن قەلبىگە مەلھەم بولدى. ئەمما بايلار نۇھ ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىدە بولدى.



بايلار نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن شەرت قويۇپ: «بىزنىڭ ئىمان ئېيتىشىمىزنى خالىساڭ، ئەتراپىڭدىن كەمبەغەل ۋە ئاجىز ئىنسانلارنى ئۇزاقلاشتۇرغىن، بىز ئۇلاردەك تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىنسانلار بىلەن بىر يەردە بولۇشنى خالىمايمىز» دېدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقىغا ناھايىتى سىلىق – سىپايە جاۋاب بېرىپ: «مەن بىر پەيغەمبەر، مەن ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدىم. ھېچكىمنى ئۇنىڭغا مەجبۇرلىمايمەن. ھېچكىمدىن ئەجىر مۇ تەلەپ قىلمايمەن. مەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنى قوغلىمايمەن. ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھەممىڭلار باراۋەر» دېدى.

ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى مەسخىرە قىلدى ۋە ئازاب چۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ: «ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئازابىڭنى ئەۋەتكىن» دېدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مېنىڭ ۋەزىپەم دەۋەت قىلىشتۇر، سىلەرنى ئازابلاش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئەگەر داۋاملىق دەۋەتكە قارشى چىقساڭلار، ئاللاھ خالىغان ۋاقىتتا سىلەرنى جازالايدۇ» دېدى.



## ئاللاھنىڭ كاپىرلارغا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشى

سالىھلار ئەڭ يېقىن ئادىمى بىلەن ئىمتىھان قىلىنىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ ئايالى بىلەن ئىمتىھان قىلىندى. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئۇنىڭ ئايالىنى كاپىر ئاياللارنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ كۆرسەتتى. چۈنكى ئۇ ئايال نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەرلىرىنى دۈشمەنلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. ئۇ دىنغا خىيانەت قىلىش ھېسابلىناتتى. ئۇ ئوغلىنى يولدىن چىقىرىپ، دادىسىغا قارشى جىنايەتچىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىدى. ئۇ يەنە ئېرى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭغا مەجنۇن دەپ تۆھمەت قىلدى.



پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن

نۇھ ئەلەيھىسسالام بارلىق ئۇسۇللار بىلەن دەئۋەت قىلىپ باققان بولسىمۇ، قاتتىق قارشىلىق ۋە مەسخىرىلەرگە دۇچ كەلدى. ئۇ قەۋمىنى 950 يىل دەئۋەت قىلدى، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمتىھانى ناھايىتى ئېغىر بولدى. قەۋمى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى قاتتىق ئازابلىدى. ئۇنىڭ باشقا ئامالى قالمىدى. ھەتتا ئۇ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئاللاھقا: «پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن» دەپ بەددۇئا قىلدى.



## نجاتلىق كېمىسى

نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ھالىغا قاتتىق ئېچىندى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئازغىنە كىشىدىن باشقىلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى، زالىم قەۋم ئۈچۈن قايغۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ۋەھيى قىلىپ تەسەللى بەردى ۋە ئۇنى چوڭ بىر كېمە ياساشقا بۇيرۇدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تەييارلاپ كېمە ياساشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ قەۋمى ھەر قېتىم كېمىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇنى مەسخىرە قىلدى. بولۇپمۇ يېقىن ئەتراپتا ئۆستەڭ ياكى دېڭىز يوق ھالەتتە شۇنچە چوڭ كېمە ياساۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ مەسخىرە قىلىشتى.



كېمە ئاخىرى پۈتتى. ئاللاھ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا بارلىق مەۋجۇداتلاردىن ئەركەك – چىشى بولۇپ بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بارلىق مەۋجۇداتلاردىن بىر جۈپتىن كېمىگە ئېلىپ چىقتى ۋە ئىمان ئېيتقانلار بىلەن بىرگە كېمىگە ئورۇنلاشتى.



ئاللاھ بەلگىلىگەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى. توپان بالاسى باشلاندى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى سۇغا غەرق بولدى. ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئوغلىمۇ ساق قالمىدى. ئۇ ئوغلىغا: «ئوغلۇم، كېمىگە چىقىۋالغىن، بولمىسا سۇغا غەرق بولۇپ كېتىسەن» دېگەندە، ئوغلى ئۇنىڭ دەئۋىتىنى رەت قىلىپ: «مەن ئېگىز تاغقا چىقىۋېلىپ، توپان بالاسىدىن قۇتۇلۇپ قالىمەن» دېگەن ئىدى. ئەپسۇس، كېمىدىكىلەردىن باشقا ھېچكىم توپان بالاسىدىن قۇتۇلالمىدى.



ئاللاھ مۇئمىنلەرگە نىجاتلىق بەردى.

ھەممە نەرسە سۇ ئاستىدا قالدى. كېمىدىكىلەردىن باشقا ھېچكىم ساق قالمىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى جۇدى تېغىدا توختىدى. ئاللاھ ئاسمانغا يامغۇرنى توختىتىش، زېمىنغا يامغۇرنى يۇتۇش بۇيرۇقىنى بەردى. كېمىدىكىلەرنىڭ ھاياتى يېڭىدىن باشلاندى. نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارغا: «كېمىدىن سالامەت چۈشۈڭلار، يېڭى زېمىنغا ئورۇنلىشىپ، ئۇنى تەۋھىد، ئىمان ۋە دۇئالار بىلەن ئاۋات قىلىڭلار» دېيىلدى.



ئۆگەنگەنلىرىمىز:

سالىھ كىشىلەرنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلاش شىرىككە ئېلىپ بارىدۇ.

دەئۋەتچى سىلىق – سىپايە، مېھرى – شەپقەتلىك ۋە ھېكمەتلىك بولۇشى كېرەك.

پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنى تەۋھىدكە چاقىرغان.

دەئۋەت مال – دۇنيا، شان – شۆھرەت تاماسىدا بولماسلىقى، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولۇشى كېرەك.

ئىنساننىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى قەدىر – قىممىتى مال – دۇنيا ۋە شان – شۆھرەت بىلەن ئەمەس، ياخشى ئەمەل بىلەن بولىدۇ.

سەۋر نىجاتلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

مۇئمىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك.




ئاللاھ نۇھ ئەلەيھىسسالامنى نېمە ئۈچۈن كېمە ياساشقا بۇيرۇدى؟